# شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ئىچىدە، قان تومۇردا ئاققاندەك ماڭىدۇ، مەن ئىككىڭلارنىڭ قەلبىگە شەيتان ۋەسۋەسە سېلىشتىن ئەنسىرىدىم دېگەن

سەپىييە بىنتى ھۇيەيي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ئېتىكاپتا ئىدى مەن كېچىدە يوقلاپ كەلدىم، پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن قايتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم، رەسۇلۇللاھمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى ئۇزۇتۇپ قويماقچى بولدى. سەپىييەنىڭ ئۆيى ئۇسامە ئىبنى زەيدنىڭ قورۇسىدا ئىدى. ئەنسارىلاردىن ئىككى كىشى يېنىمىزدىن ئۆتتى، ئۇلار رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپ ئالدىراپ ماڭدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇلارغا ئالدىرىماي مېڭىڭلار، ئۇ سەپىييە بىنتى ھۇيەيي، دېدى. ئۇلار سۇبھانەللاھ ئى رەسۇلۇللاھ دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ: شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ئىچىدە، قان تومۇردا ئاققاندەك ماڭىدۇ، مەن ئىككىڭلارنىڭ قەلبىگە شەيتان ۋەسۋەسە سېلىشتىن ئەنسىرىدىم دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە سەپىييە رەسۇلۇللاھنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا مەسچىتتە ئېتىكاپ قىلىۋاتقاندا يوقلاپ كەلگەن، بىرەر سائەت پاراڭلاشقاندىن كيىن قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان، رەسۇلۇللاھمۇ ئۇنى ئۇزىتىش ئۈچۈن تۇرغان، ئۇلار ئۇممۇ سەلەمە ئىشىكى دەپ ئاتالغان ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلگەندە- ھەدىسنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەنىلىرى ئوخشاش

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

رەسۇلۇللاھ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئىدى، بىر كېچىسى ئايالى سەپىييە رەسۇلۇللاھ يوقلاپ كەلدى، بىرەر سائەتچە پاراڭلاشتى، شۇنىڭدىن كېين قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، كۆڭلىنى ياساپ ئۇزۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھمۇ تۇردى، شۇ ۋاقىتتا ئىككى ئەنسارى بۇلارنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. رەسۇلۇللاھنى كۆرۈپلا ھايا قىلغان جەھەتتىن ئۇلار تىز كېتىشكە تەمشەلدى. رەسۇلۇللاھ دېدىكى ئالدىرماڭلار، بۇ مېنىڭ ئايالىم سەپىييە دېدى. ئۇلار سۇبھانەللاھ! سىلىگە يامان گۇمان قىلىش كۆڭلۈمىزدىن كەچمىدى، دېگەندە. رەسۇلۇللاھ: شەيتان ئادەم بالىسنى ئازدۇرۇشقا ئۇرىنىدۇ، ئۇنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار، چۈنكى ئۇ ئادەم بالىسنىڭ ئىچىدە، قان تومۇردا ئاققاندەك ماڭىدۇ، شەيتاننىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى يوشۇرۇن ۋە مەخپى دەپ، ئۇلارنىڭ قەلبىگە ۋەسۋەسە سېلىشتىن ساقلاندى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4534